□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

پومپېئو شالىسىنى چېچىپ تارقاتقان «سىياسىي ۋىرۇس»نى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىمىز

□ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ياسىن سىدىق

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو يېقىندا «ئاخىرقى كۈنىدىكى غالجىرلىق» ئويۇنىنى ئويناپ، ئۆزىنىڭ پاكىتقا كۆز يۇمۇش، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش ھۈنىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ، بوھتان چاپلاپ، شالىسىنى چېچىپ «سىياسىي ۋىرۇس» تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئاشكارىلىدى. 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جۇڭگوغا ئالاقىدار مەسىلىدە جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەخلى - تەرۇز قىلغان، ئاساسلىق جاۋابكارلىقى بار پومپېئو قاتارلىق 28 ئادەمنى جازالايدىغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلدۇ! مېنىڭ يەنە پولاتتەك پاكىت بىلەن پومپېئونى نەچچە شاپىلاق سالغۇم بار، مەقسىتىم ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان قىلىش.

شىنجاڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى پومپېئوغا تەگكەن قاتتىق بىر شاپىلاق. تۇيۇقسىز تارقىلىپ پۈتۈن يەر شارىغا يامرىغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، شىنجاڭ خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى قانات يايدۇرۇپ، بىرمۇ يۇقۇملانغۇچىنى چۈشۈرۈپ قويمىدى، بىرمۇ ئاغرىقتىن ۋاز كەچمىدى. ھەر مىللەت خەلق بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنى نۆللەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەكسىچە پومپېئوغا قارايدىغان بولساق، ئۇ تەلۋىلەرچە ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنىلا قوغلىشىپ، ئۆز دۆلىتىدىكى «مەن نەپەس ئالالماي قالدىم» دەپ غەزەپ بىلەن چۇقان سېلىۋاتقان خەلق ئاممىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىغا ئېتىبارسىز قارىدى. ئەجەبا بۇ ھەر ۋاقىت ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان پومپېئونىڭ ئامېرىكىدىكى بىگۇناھ خەلق ئاممىسىغا قارىتا تۇتقان كىشىلىك ھوقۇق يولىمۇ؟

شىنجاڭدا جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشى پومپېئوغا تەگكەن قاتتىق بىر شاپىلاق. بىزنىڭ شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى. مەركىزى شەھەر ئۈرۈمچىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرى زور نىسبەتتە تۆۋەنلىدى، 2015 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 62.4% تۆۋەنلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تىنچلىق، مۇقىملىققا بولغان ئارزۇسى ۋە ئۈمىدى ئىشقا ئاشتى. ئەكسىچە پومپېئوغا قارايدىغان بولساق، ئۇزاقتىن بۇيان، ئۇ ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا تېررورلۇق كۈچلىرىنىڭ ئارقا تىرىكى ۋە كۈشكۈرتكۈچىسى بولۇپ، «شەرقىي تۈركىستان» زوراۋان - تېررورچى كۈچلىرىگە يول قويدى، مەدەت بەردى، ئەراپات ئەركىن، پۇرقەت جەۋدات قاتارلىق سېسىق نامى پۇر كەتكەن تېررورچى ئۇنسۇرلار بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشتى، بۇ پومپېئونىڭ «تېررورلۇق ئارقىلىق جۇڭگونى چەكلەش»تەك رەزىل غەرىزىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر پومپېئوغا تەگكەن قاتتىق بىر شاپىلاق. 2014 - يىلىدىن 2019 - يىلىغىچە، شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليارد 590 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.2% ئاشتى. خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، شەھەر، يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى، داۋالاش ئەسلىھەلىرى شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، 10 مىليوندىن ئارتۇق ئامما يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، 3 مىليوندىن ئارتۇق نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بارلىق يېزا - بازار ۋە يېزىلاردا ئۆلچەملەشكەن دوختۇرخانا ۋە داۋالاش ئۆيى بار بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇشى، بالىلار بېقىلىدىغان بولۇشى، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇشى، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇشى، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى، ھازىر پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيمەكتە. ئەكسىچە پومپېئوغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ «شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىۋاتىدۇ، ئۇيغۇر مىللىتىگە زۇلۇم سالدى» دەپ بوھتان چاپلىشى پۈتۈنلەي كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەش بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىنىڭ «تارىختىكى ئەڭ ناچار، ئەڭ رەزگى، ئەڭ نومۇسسىز دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى» بولۇشقا مۇناسىپ.

بىز يالغان سۆزلەشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان پومپېئونىڭ رەزىل ماھىيىتىنى كۆرۈپ باقايلى. «يالغان سۆزلەش، ئالدامچىلىق قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش»نى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئامېرىكىنىڭ بۇ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بەك كۆپ يالغان سۆزلىدى، بەك كۆپ زەھەرنى چاچتى، قەستەن ھەر خىل ساختا تېمىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش. بىز ئاللىبۇرۇن پومپېئونىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇپ يەتتۇق، ئاللىبۇرۇن پومپېئونىڭ رەزىل غەرىزىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتۇق.

تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە باھا بېرىشتە، ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان، تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان، ئاساسىي قاتلامدىن قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈپ يېتىلگەن، كۆپ ئىش ئورنىدا چېنىققان رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ھازىرقى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم ئىكەنلىكىنى، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، دىنىي ساھەنىڭ ئىناق، رايىش ئىكەنلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشقانلىقىنى ھەققىي ھېس قىلدىم. ئەمەلىيەت ئەڭ ياخشى دېزىنفېكسىيەلەش سۇيۇقلۇقى. پاكىت ئالدىدا، پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى توقۇشى پەقەت ئۆزىنى ئۆزى شەرمەندە قىلغانلىق بولۇپ، پومپېئونىڭ «سىياسىي ئويۇنى» كۈلكىگە قالدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ، ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن روھلاندىم، زىممەمدىكى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ۋەكىل لى جۈەن تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىۋەتلىك تەكلىپ بەردى.

ۋەكىل گاۋ جيەنلۇڭ مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا دىققەت تەرەققىياتقا مەركەزلەشتۈرۈلگەن، دىققەت خەلق تۇرمۇشىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىقتىساد، سىياسىي، ئېكولوگىيە، مەدەنىيەت، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، بۇ يىل ھەم كەلگۈسى بەش يىللىق تەرەققىيات ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىلىپتۇ، بۇ، كىشىنى تولىمۇ روھلاندۇرىدۇ. دوكلاتتا شىنجاڭنى قوللاۋاتقان، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭدا رايون ھالقىغان «چاچما باغچە رايونى» قۇرۇشنى قوللاش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ.

ۋەكىل ماۋ گوفېڭ مۇنداق دېدى: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون ئاشلىق، پاختا، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ۋەكىللىكىدىكى خاس يېزا ئىگىلىكىنى ئەلالاشتۇرۇش، كەسپلەشتۈرۈش، بازارلاشتۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى. بۈگۈنكى كۈندە، مەيلى تەجرىبىخانىلاردىكى مۇتەخەسسىسلەر بولسۇن ياكى ئېتىزلاردىكى تېرىقچىلىق ئائىلىلىرى بولسۇن، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى ھالقىلىرىغا گىرەلەشتۈرۈپ، خاس زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى سەرخىللاشتۇرۇش، كۈچەيتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ دائىرىلىك، مەنبەلىك بۇلغىنىشىنى تۈزەش سالمىقىنى زورايتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ۋەكىل گۈلجاينار خۇمار مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنىڭ يۈكسەكلىكى يۇقىرى، ئەمەلىيلىشىشى پۇختا بوپتۇ، ھەم نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، ھەم مەسىلىگە يۈزلەنگەن ئەمەلىي دوكلات بوپتۇ، مەن تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. بىر ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە، مەن ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا داۋاملىق تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا - كەنت كەسپ تەرەققىياتىنى زورايتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنى تېخىمۇ ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىشكە يېتەكلەيمەن.

ۋەكىل كامران زۇنۇن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا دائىر تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇقراۋى ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە كارخانىچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە باراۋەر قوغداپ، يېقىن، پاك ھۆكۈمەت - سودىگەرلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، بۇ ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. بۇ بىر نەچچە يىلدا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇردى، كارخانىلار، بولۇپمۇ پۇقراۋى كارخانىلار كۆپ نەپكە ئېرىشتى. بۇلتۇر چىقىرىلغان ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتىلغان بىر قاتار سىياسەتلەر نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى، بىز پۇقراۋى كارخانىچىلارنىڭ تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە بولغان ئىشەنچىمىز تېخىمۇ تولۇپ تاشتى. ھۆكۈمەتنىڭ پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش ئىختىساسلىقلىرى، تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى كەمچىل بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا بىرقىسىم قوللاش، يۆلەش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋەكىل تالىيگۈل تۇردىباي مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئاپتونوم رايون يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۈچى زىچ كارخانىلارغا ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمگەك كۈچى زىچ كارخانىلارنىڭ قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، كەسىپ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىللە، شۇ جايدىكى تېخىمۇ كۆپ دېھقان - چارۋىچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملىشى كېرەك.

ۋەكىللەر قاراپ چىقىش جەريانىدا يەنە ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، مۇستەھكەملەش، داشۆنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ياخشى ھەل قىلىش، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، گۆش كالىسى، گۆش قويى باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

(ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى يۈەن لېي، شى شىن، رايىدە، جېڭ جو، خې خۇڭچۈي، ۋاڭ نالار يازغان)

ئاياغىنىڭ دەل كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى پەقەت پۇتلا بىلىدۇ

□ شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا ئۇنىۋېرسال تېببىي بۆلۈمنىڭ مۇدىر ۋىراچى مۇنەۋۋەر غوجەخمەت

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو تەختتىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا «ئىرقىي يوقىتىش» ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، دەپ بوھتان چاپلىدى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدىغان، قىپيالىڭاچ يالغان - ياۋىداق سۆز بولۇپ، مېنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈردى. پومپېئونىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشى كېسەللىك ھالىتى دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىپتۇ!

مېنىڭ ئىسمىم مۇنەۋۋەر غوجەخمەت، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىنىڭ بىر ئۇيغۇر دوختۇرى. مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولدۇم، پارتىيە ۋە خەلق مېنى ئۆستۈردى، مېنى تەربىيەلىدى، مېنى دوختۇر قىلدى. 1992 - يىلى، مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1 - تارماق دوختۇرخانىدا خىزمەت قىلدىم. خىزمەت جەريانىدا، رەھبەرلەر مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، مەن ھەر مىللەت خىزمەتداشلىرىم بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگەندۇق؛ تۇرمۇشتا، خىزمەتداشلىرىم بىلەن ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈپ، ئۆزئارا ياردەملەشتۇق. پارتىيەنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، تەربىيەلىشى ۋە ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، مەن تەدرىجىي ھالدا ئۇنىۋېرسال تېببىي بۆلۈمنىڭ مۇدىر ۋىراچى، دوتسېنت، ماگىستىر يېتەكچىسى بولدۇم؛ خىزمەت داۋامىدا، مەن بۆلۈمدىكى خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىرلىكتە مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلدىم ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە بۆلۈمدىكى ھەر مىللەت ياش تايانچلارنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەردىم، ياش دوختۇرلارنى تەربىيەلەش جەھەتتە، رايون ئايرىماي، مىللەت ئايرىماي، ئۇلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇپ ئۆگىنىشىگە ئىلھام بەردىم، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردىم.

شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى چۈشىنىمەن. ئوقۇغۇچىلار بەس - بەستە ماڭا بۇ بىر قانچە يىلدا ھۆكۈمەتنىڭ يۆلەش سالمىقىنىڭ ئىنتايىن زور بولغانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسەتلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقسىز ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىنى، پۇقرالارنىڭ بەس - بەستە بالىلىرىنى مەكتەپكە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى، يېزىلاردا ئەمدى قىلىدىغان ئىشى يوق بالىلارنى ئۇچراتقىلى بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. شىنجاڭ تېببىي داشۆسى بۇ بىرنەچچە يىلدا ئىزچىل ئۇنىۋېرسال تېببىي كەسىپ يۆنىلىشى بويىچە زاكازلىق، نىشانلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەشنى ئۈستىگە ئالدى، بىزنىڭ ئۇنىۋېرسال تېببىي بۆلۈممىزمۇ بۇ ئوقۇغۇچىلارغا كىلىنىكىلىق نەزەرىيە دەرسى ئۆتۈش ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى قېلىپلاشقان تەلىم - تەربىيە بېرىشنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن كەلگەن، ئۇلار دۆلەتنىڭ ياردىمىدە شىنجاڭ تېببىي داشۆسىگە كىرىپ ھەقسىز ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ، پۇقرالار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشنى تاماملاپ يۇرتىغا قايتىپ خىزمەت قىلدى، ئۇلار قايتىپ بارغاندىن كېيىن پات - پات مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردى. پارتىيەنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىتى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇپ - تاشقان ئىشەنچكە ئىگە قىلدى، ئۇلار يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرىدىن شادلىنىدۇ، ئىلھاملىنىدۇ.

پومپېئو، سېنىڭ نومۇسسىز سۆز - ھەرىكىتىڭ خەلقئارا ھەققانىيەت ۋە قىممەت مىزانىغا خىلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق - ھەققانىيلىقى ۋە ئاساسىي ۋىجدانىغا خىلاپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە خىلاپ، سەن بىر ئالدامچى، سەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايسەن!

(بېشى 1 - بەتتە)

دوكلات ئىخچام، ئەمەلىيەتچىل، يارقىن نۇقتىلىرى كۆپ بولۇپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ. «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى لايىھەسىدە يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى دەل جايىدا ئىگىلىنىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى چوڭقۇر ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا كۈچ قوشۇلۇپتۇ، ناھايىتى كۈچلۈك بولغان پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرىگە، دەۋر خاراكتېرىگە، ئىستراتېگىيەلىككە ۋە يېتەكچى خاراكتېرگە ئىگە بوپتۇ.

«ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات راستچىل، ئەمەلىيەتچىل، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملىگەن، روھنى ئۇرغۇتىدىغان بولۇپ، ئەھۋال دەل جايىدا ئىگىلىنىپ، مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى چىڭ تۇتۇلۇپتۇ، ئون تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇلۇپتۇ.» ئەزا گۈلباھار مەمەتئېلى مۇنداق دېدى: دوكلاتتىن مەن «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ياخشى نەتىجىلەرنى كۆرۈپ، يۇرتۇمدىكى كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدىم. تېببىي خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە داۋالاش - سەھىيە ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىمەن.

ئەزا رەيھان يۈسۈپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى لايىھەسىدە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ساھەسىگە قارىتا ئېنىق نىشان، تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. بىز ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئىلمىي تۈزىمىز، يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، پەن - تېخنىكىنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكلەيدىغان ئېگىزلىك بەرپا قىلىپ، ئۇل تەتقىقات ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ھاياتى كۈچىنى ئۇرغۇتىمىز.

ئەزا جاڭ لىشىن مۇنداق دېدى: «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئالىي مەكتەپلەر ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدەپ، مەۋقەنى ئۆزىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئورۇن بەلگىلىشى ۋە خاسلىقىغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مۇستەھكەملەش ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى چۆرىدەپ، پەن قۇرۇلۇشى، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش، ئىلمىي تەتقىقاتتا «ماسلاشتۇرۇش نۇقتىسى»نى توغرا تېپىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار كاپالىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

(ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى لى ياڭ، چاۋ جىن، سۈي يۈنيەن، پەرزات ئابدۇل، جاڭ جىلى، ۋاڭ يۈجاۋ، چېن چياڭۋېي، جاۋ شيا، لياڭ لىخۇالار يازغان)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)